يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەش گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىش

—— ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە قاراماي شەھىرىدە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن يۈزتۇرا چوڭقۇر سۆھبەتلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش، «14 ـ بەش يىل»نىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشنى باشلاشقا تۈرتكە بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋاڭ كۈيرەن سانجى ئوبلاستىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى. ۋاڭ كۈيرەن «دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكى» «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم كۈچەش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگىلەش» «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش» قاتارلىق بەش جەھەتنى چۆرىدەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن ئومۇميۈزلۈك لېكسىيە سۆزلىدى ۋە چوڭقۇر شەرھلەپ چۈشەندۈردى.

«بىز پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى پۈتۈن ئوبلاستنىڭ سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرىمىز» دېدى سانجى ئوبلاستلىق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىيۇ شىخۇڭ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋاڭ كۈيرەن سانجى شەھىرىدىكى ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى باش ئىشتابىنىڭ سودا ئىشلىرى رايونىغا كېلىپ، سانجى ئوبلاستىدىكى كارخانىچىلار ۋەكىللىرى بىلەن يۈزتۇرا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ھەمتۇرتكە بولۇپ، كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە جاۋاب بەردى.

ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر جاڭ شىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئالاھىدە ترانسفورماتور پاي چەكلىك شىركىتى كارخانا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۇچ كېلىدىغان ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ياخشى پىلانلايدۇ؛ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى قاتلاملىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش، يېشىللىشىشقا قاراپ قەدەم تاشلىشىغا سجىل تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تەرەققىيات يېڭى ئەۋزەللىكىنى يارىتىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۇ بىن ئىلى ئوبلاستىدىكى ئوبلاستقا بىۋاسىتە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ھەر مىللەت پارتىيەلىك كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ «دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش» «2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە ‹14 ـ بەش يىل› مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى قائىدىسى، ئاساسلىق نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى دەل جايىدا ئىگىلەش» «يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇر ۋە ئاساسلىق كۈچەش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگىلەش» قاتارلىق بەش جەھەتتىن چوڭقۇر، سىستېمىلىق لېكسىيە سۆزلىدى، چۈشەندۈردى.

غۇلجا شەھىرى سايبويى كوچا باشقارمىسى ئائىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، لېكتورلار ئۆمىكىنىڭ ئۆمەك باشلىقى ئاينۇرەم ئەلى مۇنداق دېدى: «ئاساسىي قاتلام تەشۋىقاتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامما ئارىسىدا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن كەڭ دائىرىدە لېكسىيە سۆزلەپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۈچىنى كەڭ كۆلەمدە مۇجەسسەملەپ، تىرىشىپ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىمەن».

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاكادېمىيە باشلىقى دىڭ شۆۋچىڭ قاراماي شەھىرىدە لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇش، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرىنى مەھكەم ئىگىلەش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ كۈرەش قىلىش بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈش، يىغىن روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بەش جەھەتنى چۆرىدەپ، سىستېمىلىق شەرھلىدى.

قاراماي شەھەرلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چېن كې مۇنداق دېدى: «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلان تۈزدى، يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەردى، بىز يېڭى دەۋرنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى، تەرەققىيات يۆنىلىشى، تەرەققىيات يولىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ياخشى پىلانلاپ، يەرلىكنىڭ ‹14 ـ بەش يىل›لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىق، يېڭى نەتىجە ئارقىلىق، قارامايىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشىمىز.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، دىڭ شۆۋچىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىغا كېلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن يۈزتۇرا سۆھبەتلەشتى. «بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئارقىلىق، مېنىڭ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. بىر داشۆ ئوقۇغۇچىسى ‹بولغۇسى نېفىتچى› بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆگەنگەن بارلىق بىلىمىمنى مېنى تەربىيەلەپ ئۆستۈرگەن ۋەتىنىمگە بېغىشلاپ، دۆلىتىمىز نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىمەن» دېدى جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىنىڭ ئوقۇغۇچىسى جاۋ يىدا.

**(مۇخبىر گې يوۋجۈن، قاتناشقان مۇخبىر جەزىرە نىسىپبېك، ئىختىيارىي مۇخبىرلار زو شياۋيۈ، لى شىنئەن، لىيۇ چىڭخۇي)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمىي مەبلەغ 580 مىليارد 400 مىليون يۈەن، بۇ، يېزا ئىگىلىكى، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، يېزا قاتنىشى، يېزا مائارىپى، يېزا ئۆي ئەسلىھەسى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساھەلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى.

2016 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا نىشانلىق خىراجەت ياردەم پۇل مەبلىغىدىن 406 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، ئاساسىي پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى ئاجىز رايونلاردا يېڭىدىن قۇرۇلغان يېزا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى ۋە بانكىچىلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى(تور نۇقتىسى)دىن 93 (قېتىم)نى قوللىدى؛ ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل ياردەم تولۇقلىمىسىدىن 420 مىليون يۈەننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 5 مىليارد 500 مىليون يۈەن ئىگىلىك تىكلەش قەرز پۇلىغا تۈرتكە بولدى؛ مالىيەدىن پۇقراۋى ۋە كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قوللاش ئۈچۈن 100 مىليون يۈەن ياردەم پۇل مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

مالىيە سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتا ھەققى كۆلىمى تېز ئېشىپ، سۇغۇرتىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسىدە بىرقەدەر تېز ئېشىش كۆرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەكشى، مۇقىم تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

**باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش كارخانىلارغا دەل جايىدا نەپ يەتكۈزدى**

مالىيە، باج رايون ئىقتىسادىنىڭ «بارومېترى»، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ «تۈرتكۈچى».

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىدىغان باج ـ ھەق ئېتىبار سىياسەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىپ، مىليونلىغان كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەش غەيرىتى ۋە ئىشەنچىنى ئاشۇردى.

«دۆلەت يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىسى» «جۇڭگو نېفىت ـ خىمىيە ساھەسىدىكى ئېنېرگىيە ئۈنۈمى بويىچە باشلامچى بولۇشتىكى ئۈلگىلىك كارخانا»... شىركەتنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئارقا ـ ئارقىدىن ئېرىشكەن شەرەپلىرى تىلغا ئېلىنغاندا، شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى فۇكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ مالىيە مەسئۇلى جاڭ چىڭخۇا ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «نەتىجىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى شىركەتنىڭ يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش جەھەتتىكى سېلىنمىسىدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنداقلا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ جايىدا قوللىشىدىن ئايرىلالمايدۇ.» 2014 ـ يىلىدىن بۇيان، بۇ شىركەت جەمئىي 98 مىليون 253 مىڭ يۈەن تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجىتىنى قوشۇپ ھېسابلاپ چىقىرىۋېتىشتىن، 14 مىليون 738 مىڭ يۈەن كارخانا تاپاۋەت بېجىنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىشتىن بەھرىمەن بولدى.

جۇڭتەي خىمىيە سانائىتى گۇرۇھىنىڭ «ئاقىل ياسىمچىلىق» يولى شىنجاڭ باج تارماقلىرىنىڭ باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتلىرىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن بوشىماي تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

2019 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن تېخىمۇ زور كۆلەمدە باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى يولغا قويىدى، شىنجاڭدىكى باج تارماقلىرى باج ـ ھەق سىياسىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈردى، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈردى، يېڭىدىن كۆپەيگەن كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان باج ـ ھەق 24 مىليارد 550 مىليون يۈەن بولدى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 2014 ـ يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى باج تارماقلىرى قىيىنچىلىقى بار رايونلاردىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىدا «ئىككىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئۈچنى يېرىم كېمەيتىش» ۋە قەشقەر، قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونلىرىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىدا «بەشنى كەچۈرۈم قىلىش»، خەلقئارا چوڭ بازار تۈردە قوشۇلما قىممەت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت دۆلەتنىڭ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئۆزىگە خاس ئالاھىدە باج سىياسىتىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىي 40 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق باجنى كېمەيتتى، كەچۈرۈم قىلدى.

«‹13 ـ بەش يىل› مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى باج تارماقلىرى ‹قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش› ئىسلاھاتىنى توپلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى كەم ـ كۈتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلققە قولايلىق باج بېجىرىش باھار شامىلى ھەرىكىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، باج سىياسىتىنىڭ پايدىسىنى كارخانىلارغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سجىل ئەلالاشتۇردى.» شىنجاڭ باج ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى ياڭ يۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: «باج ـ ھەقتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنىڭ پايدىسى سجىل قويۇپ بېرىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ پۇختا تەرەققىياتىنى مۇستەھكەم تىرەك بىلەن تەمىنلىدى».

**پۇل مۇئامىلە ئەمەلىي ئىقتىسادقا «كۈچ بەردى»**

ئۈرۈمچى شەھىرى بەينىياۋخۇ كۆلى 2 ـ نومۇرلۇق تۆپىلىكتە جايلاشقان ئامبىرون خىيالى باغچىسىدا 100دىن ئارتۇق كۆڭۈل ئېچىش تۈرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېپەك يولى باش تېما قىلىنغان توققۇز چوڭ تۈر دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. بۇلتۇر 6 ـ ئايدىن باشلاپ، جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسى بۇ تۈرگە 400 مىليون يۈەن قەرز پۇل بەردى، بۇ، ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ تەخمىنەن 26.6%نى ئىگىلىدى. شىنجاڭ جىنماۋ يېپەك يولى شادلىق باغچىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى شياۋ چۈنلىي مۇنداق دېدى: قەرز پۇلنىڭ قوللىشىدا، تۈرنىڭ ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، نۆۋەتتە، شادلىق باغچىسىنىڭ تۈرلۈك ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشلىرى ئومۇميۈزلۈك پۈتتى.

مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش شەكلى جەھەتتە، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى يېڭىلىق يارىتىپ، مۆلكىنى رەنىگە قويۇش، بانكىلار ئارا قەرز، مەنزىرە رايونىنىڭ تىجارەت ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئېلىش، بىلەت كىرىمىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئېلىش، تىجارەت خاراكتېرلىك مۈلكىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئېلىش، ئورمان ھوقۇقىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش ئىجارىچىلىكى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك كرېدىت مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشتە رەنىگە قويۇش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى پائال ھەل قىلدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز پۇل مۇئامىلىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پەرقلىق پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى ـ كونا ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشى ۋە سانائەتنىڭ مۇقىم ئېشىشى، قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى، ئۈنۈمىنىڭ ئېشىشىنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلىدى. 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ساقلانما مىقدارى 3 تىرىليون 30 مىليارد يۈەن، خەلق پۇلى ۋە چەت ئەل پۇلى تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇق سوممىسى 2 تىرىليون 50 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2016 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 62.9% ۋە 49.6% ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 13.0% ۋە 10.6% ئاشتى.

2016 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز كاپىتال بازىرى ئارقىلىق جەمئىي 281 مىليارد 53 مىليون يۈەن بىۋاسىتە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ، ئۆل ئەسلىھە، ئېنېرگىيە، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خاتا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈن ‹ئەر› ‹ئايال› دېگەن ئىككى خەتنى تونۇساقلا بولدى، دەپ قارايتتى».

2000 ـ يىلىدىن كېيىن، ئاسفالت يول كەنتكە تۇتاشتۇرۇلدى. «يول راۋانلاشتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قويلىرى 600 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ سېتىلىدىغان بولدى، يەنە ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولغان زاراڭزىمۇ تېرىلىشقا باشلىدى، كىرىم ئاستا ـ ئاستا كۆپەيدى.» گۈەن شىفۇ مۇنداق دېدى: «نەزەر دائىرىسى كېڭىيىۋىدى، كۆپچىلىك كىتاب ئوقۇشنىڭ كارغا كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن شۇ چاغدا كەنتتە بالىلارنىڭ ھەممىسى چوڭ بولۇپ كەتكەن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى».

2005 ـ يىلى، قاراكېمىر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى تۇنجى قېتىم تاقىلىپ قالدى، ئاز ساندىكى بالىلار يېقىن ئەتراپتىكى مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئوقۇدى. 2015 ـ يىلى، يېڭى بىر تۈركۈم ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، يېپيېڭى تۈسكە كىرگەن قاراكېمىر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپى ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. «ھەممىسىگە دۆلەت مەبلەغ سالدى، دومبېتى، چوڭ ئېكران، بىۋاسىتە سىنغا ئېلىش، قويۇش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تەل.» فەن ئەيۈن قولىنى كۆتۈرۈپ، «مانا، يان تېلېفوندىلا سىنىپتىكى پارىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ، ئىلگىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ كالا تېزىكى تېرىپ ئوت قالاشقا توغرا كېلەتتى».

بەش يىل جەريانىدا، 100دىن ئارتۇق بالا ئازادە، يورۇق يېڭى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاغ سىرتىغا چىقتى. مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىلىشكە ئەگىشىپ، نۇرغۇن كەنت ئاھالىسى بالىلىرىنى ناھىيە بازىرى قاتارلىق جايلارغا ئوقۇشقا ئەۋەتىشكە باشلىدى. بۇ يىلنىڭ بېشىغىچە، بەش ئوقۇتقۇچىسى بار قاراكېمىر كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە، پەقەت ئىككىلا ئوقۇغۇچى قالدى. ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى ۋە كەنت ئاھالە كومىتېتى پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئىككى بالا ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئوقۇدى. «بۇلتۇر، يول قايتىدىن يېڭىلاندى، بالىلارنىڭ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئوقۇشى تېخىمۇ قولايلاشتى، بېرىپ ـ كېلىشكە بىر سائەتلا ۋاقىت كېتىدۇ» دېدى كەنت ئاھالىسى ۋاڭ يۈۋفۇ.

«بالىلارنىڭ ئۆگىنىشى مۇھىت ۋە كەيپىياتقا باغلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئوقۇتقۇچىلار تېخىمۇ جىقراق بالىغا دەرس ئۆتسە، قىممىتىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرالايدۇ.» چاغانتوقاي ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى گو بياۋشى مۇنداق دېدى: «لېكىن قاراكېمىر كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنى يەنىلا ساقلاپ قالىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن ئاممىنىڭ ئېھتىياجى بولسىلا، ئوقۇشنى يەنە قايتا ئەسلىگە كەلتۈرىمىز».

«قارىماققا مەكتەپ تاقالغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قاتناش قولايلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ شارائىتى ياخشىلىنىپ، مائارىپقا بولغان تەلىپى تېخىمۇ ئاشتى.» گۈەن شىفۇ مۇنداق دېدى: «بۆگۈنكى كۈندە كەنت ئاھالىلىرى يازدا يەر تېرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، قىشتا باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چوڭلار ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، بالىلارمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتىدۇ، بۇ بىر نەچچە يىلدا كەنتتىكى بالىلارنىڭ ئىچىدە دوكتورلۇققا ئۆتكەنلىرىمۇ بار».

«مەن پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپنىلا ئوقۇغان، بالامنىڭ ھەرگىزمۇ مەندەك بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن.» 47 ياشلىق كەنت ئاھالىسى جى شيۇجۈەن چېگرا رايوندا ئۇزاق تۇرغان بولسىمۇ، قىزى ما شياۋچيەن مەركىزىي مالىيە ـ ئىقتىساد داشۆسىدە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا بېيجىڭنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ.